FORB Learning Platform

# قول يازما : ئېتىقاد ۋە دىنىي ئەركىنلىكنىڭ مەزمۇنى دىنىي ئېتىقادنى نامايان قىلىش ھوقۇقى

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ئىككىنچى يادرولۇق ئېلېمېنتى بولسا ئۆگىتىش، مەشىق قىلىش، ئىبادەت قىلىش ۋە ئەمەل قىلىشتىكى ئېتىقادىڭىزنى نامايان قىلىش ئەركىنلىكى. بۇ دىنىي ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ تاشقى ئۆلچىمى دەپ ئاتالغان. دىنىي ئېتىقادقا ئىشىنىش ۋە ياكى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، نامايان قىلىش ھوقۇقى مۇتلەق ئەمەس. بەزى ئەھۋاللاردا ھوقۇق چەكلىك بولۇشى مۇمكىن.

نامايەن قىلىش دېگەنلىك سۆز-ھەرىكەتتە دىنىي ئېتىقادنى ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى كىشىلەرگە ئاشكارا ياكى شەخسىي ، يالغۇز ياكى جامائەت بىلەن بىللە قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ.

سىز شەخسىي دۇئا-تىلاۋەت قىلىش بىلەن ۋە ياكى جەمىيەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كوللېكتىپ ئىبادەت ۋە ئەنئەنىلەر بىلەن ئېتىقادىڭىزنى ئىپادىلەشكە ھوقوقلۇق.

ئۇ جەمئىيەتنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئەزالىرى ئۈستىدىكى ئەمەس بەلكى دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى شۇكى، دۆلەت قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشىشنى خالايدىغان دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ بانكا ھېساباتى ئېچىشى، ئادەم ئىشلىتىشى، ئۆي-مۈلۈككە ئىگە بولۇشى ۋە ئورگانلارنى باشقۇرۇش ھوقوقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

شەخس ۋە كوللىكتىپنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن شۇغۇللىنىش، دىنىي ئەقىدىلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئوخشىمىغان ئۇسۇللىرى بار ، ب د ت مۇتەخەسسىسلىرى قوغدىلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەر ھەققىدە نۇرغۇن مىساللارنى بەردى:

-دۇئا-تىلاۋەت ئۈچۈن جەم بولۇش، بايراملارنى تەبرىكلەش ۋە دىنىي بايرام دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بەلگىلەش.

-دىنىي كىيىملەرنى كىيىپ، ئالاھىدە پەرھىزلەرگە ئەگىشىش.

-دۇئا-تىلاۋەت سورۇنلىرىغا، قەبرىستانلىق ئىگە بولۇش ۋە دىنىي بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىش.

-جەمئىيەتتە مەلۇم بىر رول ئېلىش، مەسىلەن خەير-ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش.

-دىن ياكى ئېتىقاد ھەققىدە سۆزلەش ۋە ئۆگىتىش، رەھبەرلەرنى تەربىيلەش ياكى تەيىنلەش.

-ئېتىقاد ھەققىدە ماقالە يېزىش، ئېلان قىلىش ۋە تارقىتىش.

-دۆلەت ۋە خەلقئارادىكى ئېتىقاد مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلىشىش.

-ئىختىيارىي ئىئانە توپلاش.

بۇ ۋاقىتتا سىز بەلكىم <قالتىس> دېيىشىڭىز ھەمدە < بۇلار دەل مەن تەۋە جەمىيەت ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ھوقۇقلار!> دېيىشىڭىز مۇمكىن.

مەن بۇنىڭغا ئىككى خىل جاۋاب بەرمەكچى:

خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ -ماددىسىدا بىر ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ باشقا ھوقۇقلارنى يوقىتىش چەكلەنگەن. شۇڭا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دۆلەتكە، ھەر قانداق شەخس ياكى گۇرۇپپىغا، كىشىلەرنى باستۇرۇش، زوراۋانلىقىقا كۈشكۈرتۈش ياكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقا ئىجازەت بەرمەيدۇ.

ئەلۋەتتە نۇرغۇن ھۆكۈمەت ۋە گۇرۇپپىلار باستۇرۇش ياكى زوراۋانلىق كۈچى ئىشلىتىدۇ. ئەمما دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئۇلارغا بۇنداق قىلىش ھوقۇقىنى بەرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ باستۇرۇش ۋە زوراۋانلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنى قوغداش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئېتىقادنى تاللاش ۋە ئېرىشىش ھوقۇقى چەكلىك بولمىسىمۇ، دىنىي ئېتىقادقا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى نامايان قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەمما -ماددىدا بۇنىڭ پەقەت تۆت قائىدىگە ئەمەل قىلغاندىلا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى:

بۇ چەكلىمە قانۇندا بەلگىلىنىشى كېرەك بولۇپ، باشقا كىشىلەرنى قوغداشقا، كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىقا ۋە ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىگە ماس كېلىشى زۆرۈر. بۇ قائىدىلەر ھەقىقەتەن مۇھىم. ناۋادا ئۇلار بولمىسا، ھۆكۈمەتلەر ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان ھەر قانداق بىر گۇرۇپپا ياكى يۈز بېرىشىنى خالىمايدىغان ھەر قانداق بىر ھەرىكەتنى چەكلىيەلەيدۇ.

چەكلىمىلەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان قورال ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى چارە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەر بۇ قائىدىلەرگە

سەل قارايدىغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقادنى نامايەن قىلىشى ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىغان مىساللار ناھايىتى كۆپ.

تىزىمغا ئالدۇرۇش ھەققىدىكى چەكلەش قانۇنلىرى ئاساسلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بەزى ھۆكۈمەتلەر تىزىمغا ئالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ. تىزىملاش ھەرگىزمۇ دىنىي ئېتىقادنى نامايان قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولماسلىقى كېرەك. بەلكى تىزىملاش بولسا، دىنىي جەمىيەتنىڭ قانۇنىي خاسلىق بىلەن تەمىنلىشى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇشى لازىم.

كۆپىنچە ھاللاردا تىزىمغا ئالدۇرۇلمىغان دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ مەلۇم بىر دىنىي جەمىيەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش ھوقوقىنى چەكلەش قانۇنىمۇ بولغان بولىدۇ.

مەسىلەن، تىزىمغا ئالدۇرۇلمىغان دىنىي پائالىيەتلەر قازاقىستاندا چەكلەنگەن، يەنى نۇرغۇن گۇرۇپپىلارغا تىزىمغا ئالدۇرۇشقا يول قويۇلمىغان. ئۆزگىچە تەۋە دىنىي جەمىيەتنىڭ سىرتىدىكىلەر بىلەن دىن ھەققىدە پاراڭلىشىشمۇ قانۇنسىز بولۇپ، بارلىق دىنىي ئەدەبىياتلار ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈلۈشى زۆرۈر. بۇ بارلىق دىنىي جەمىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھۆكۈمەتلەر ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەيدۇ. ۋيېتنام ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خۇۋا خاۋ بۇددىستلارنىڭ بىردىنبىر پاگوداسىغا (دىنىي مۇنار) كىرىشىنى توسىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىسلامچە بولمىغان ئاممىۋى دىنىي ئىبادەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ ھەم بىر قىسىم كۆچمەن دېھقان ئىشلەمچىلەر ئىسلام دىنىدىن سىرتقى دىنىي يىغىلىشلاردا دۇئا-تىلاۋەت قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قولغا ئېلىنىپ چېگرادىن قوغلاپ

چىقىرىلدى. جۇڭگو ۋە ھىندونېزىيەنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا چېركاۋ بىنالىرى ۋە جامىلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چېقىۋېتىلگەن.

رۇسىيەنىڭ ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنىدا مىڭلىغان نەشر بۇيۇملىرى چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ بويۇملار ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى دىنىي ئەقىدىلەرنى تىنچ يول بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. تېكىستنىڭ چەكلەنگەن ياكى چەكلەنمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس، ئەمما شۇ بويۇملارنى تۇتۇپ تۇرۇش بولسا جەرىمانە ، قاماق جازاسى ياكى دىنىي جامائەتلەرنىڭ چەكلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قايسى دىنىي ئېتىقادنى، قەيەردە، كىم بىلەن ئورتاقلىشالايدىغانلىقى ھەققىدىمۇ قاتتىق چەكلىمىلەر قويۇلىدۇ.

فرانسىيىدە بىر قىسىم شەھەر باشلىقلىرى ئاممىۋى تەرتىپنى ئاساس قىلىپ، يۈزدىن باشقا پۈتۈن بەدەننى قاپلىغان سۇ ئۈزۈش كىيىمنى چەكلەشكە ئۇرۇندى. بۇ قانۇن ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي سوت تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، يۈزىگىزنى يېپىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىش يەنىلا چەكلەنگەن. ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە ھالال ۋە كوشېرچە (يەھۇدىي دىنىنىڭ مال بوغۇزلاش ئۇسۇلى) (مال-چارۋىلارنى) بوغۇزلاش چەكلەنگەن.

دىنىي ئېتىقادنى نامايان قىلىش ھوقۇقى جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەنمۇ چەكلىنىدۇ.  ياۋروپا دۆلىتىدىكى

دىن ئارتۇق يەھۇدىي ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، %

كىشى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ كىپپاغا ئوخشاش دىنىي كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەمدە بىر قانچە دۆلەتتە يەھۇدىيلار قەبرىستانلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

مىسىر، پاكىستان ۋە نىگېرىيەنىڭ قىسمەن جايلىرىدا كىشىلەر «ئىسلام» نامىدىكى تېرورلۇق گۇرۇپپىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ دۇئا-تىلاۋەت سورۇنلىرىغا قاتنىشىشتىن قورقىدۇ. ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەزى جايلىرىدا، مۇسۇلمانلارنى نىشان قىلغان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم خەۋپى سەۋەبىدىن كوللىكتىپ جۈمە نامىزى ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس.

يىغىنچاقلىغاندا، دىنىي ئېتىقادنى نامايەن قىلىش ئەركىنلىكى شەخس ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئىپادىلەش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. بۇنى شەخسىي ۋە ئاشكارا قىلغىلى بولىدۇ. كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت ھۆججەتلەر قوغدىلىشقا تېگىشلىك دىنىي پائالىيەتلەر ۋە تۈرلىرى ھەققىدە نۇرغۇن مىساللار بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھالبۇكى، گۇرۇپپىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم قوغداشنىڭ بىرى بولسا قانۇنىي سالاھىيەت ھوقۇقى.

دىنىي ئېتىقادنى نامايان قىلىش ھوقۇقى چەكلىك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما پەقەت قاتتىق بىر يۈرۈش قائىدىلەر ئىجرا قىلىنغاندىلا، بۇ چەكلىمىلەرنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى، كەمسىتىشكە ئۇچرىمايدىغان ۋە ئۆزى ھەل قىلغان مەسىلىگە ماس كېلىدىغان باشقا كىشىلەرنى قوغداشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەر بۇ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلمايدۇ. دىنىي ئېتىقادنى نامايان قىلىش ھوقۇقى ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەتتىكى گۇرۇپپىلار تەرىپىدىن دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرايدۇ.

سىز دىنىي ئېتىقادنى نامايان قىلىش ھوقۇقى توغرىسىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى توربېكەتتىكى تەربىيىلەش ماتېرىياللىرىدىن تاپالايسىز.

نەشر ھوقۇقى: SMC 2018